ئىنتىل سەيناسى تور بېكىتى ئېلېكترونلۇق ژورنىلى

# 1

# ئىنتىل سەيناسى

# ژورنىلى

## قۇربان ھېيتىڭلارغا مۇبارەك !

ئايا دوستلار جاھان باشقا بىلىم سەيناسىغا ئىنتىل،
ھاياتىم گۈللىسۇن دېسەڭ بىلىم دۇردانىغا ئىنتىل.
بىلىمدىن باشقىسى ئەسلا، مەڭگۈلۈك ئەمەس يولداش،
بىلىمگە ئاشنا بولغىن، بىلىم سەيناسىغا ئىنتىل.

HTTP://WWW.INTIL.CN/BBS

# ئىچىدىكىلىرى

## ئۇچۇر، خەۋەرلەر

ئىنتىل سەيناسى ۋە ئېلېكترونلۇق ژورنىلى ھەققىدە .......................................................

## مەشغۇلات سىستىمىسى

windows , ئۇيغۇرلار ، Unicode ................................................................ بىلگە

مەشغۇلات سىستىمىسى ئەپچىللىكلىرى ..........................................................يۇلغۇنجان

WORDتا دائىملىق 9 ھۈنەر ............................................................... يۇلغۇنجان

ھۈنەر:Word XP دا ئېنگىلىسچە ئۆگۈنۈش ................................................. يۇلغۇنجان

[Word] مەڭگۈ ئەسقاتىدىغان 10 ھۈنەر ....................................................... يۇلغۇنجان.

# «ئىنتىل سەيناسى» ھەققىدە

"ئىنتىل تورى" ئەسلىدە www.yulghunjan.com يەنى "يۇلغۇنجان تورى" نامىدا 2005 يىلى 6 ئايدا قۇرۇلغان ، 2005 يىلى 7 ئايدىن باشلاپ تور نامىنى http://www.intil.cn غا ئۆزگەرتكەن شۇنداقلا http://www.intil.cn دىكى مۇنازىرە مۇنبىرىنىڭ نامىنى "ئىنتىل سەيناسى " دەپ ئاتاپ ھازىرغىچە مۇشۇ نامنى ئىشلىتىپ كىلىۋاتىمىز.

"ئىنتىل سەيناسى" يەنى http://www.intil.cn/bbs ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىن بىر office بىلىملىرى مۇنازىرە مۇنبىرى بولۇپلا قالماي، كەڭ بىلىم تەشنالىرىنىڭ تۇرلۇك كومپيوتېر بىلىملىرى، ئىنتېرنېت بىلىملىرىگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇدىغان، ئىستىبداتلىق ئەلسۆيەر ئەزىمەتلەرنىڭ ئىلمىي تەجرىبە، پىكىرلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان مەرىپەت سەيناسىغا ئايلاندى.

**تەۋسىيىمىز**

**بىلگەننى يوللاڭ بىلمىگەنلەر بىلىۋالسۇن، بىلمىگەننى يوللاڭ بىلگەنلەر دەپ بەرسۇن**

**ئايا دوستلار جاھان باشقا بىلىم سەيناسىغا ئىنتىل،**

**ھاياتىڭ گۈللىسۇن دىسەڭ بىلىم دۇردانىغا ئىنتىل.**

**بىلىمدىن باشقىسى ئەسلا ، مەڭگۈلۈك ئەمەس يولداش،**

**بىلىمگە ئاشنا بولغىن ، بىلىم سەيناسىغا ئىنتىل.**

# "ئىنتىل سەيناسى" سىزنىڭ سەيناڭىز
# http://www.intil.cn

ئىنتىل سەيناسى تور بىكىتىمىزئاساسلىقى office ۋە كومپيۇتېر،تور بىلىملىرى مۇنبىرى بولغاچقا، بىلىملەرنى باشقىلارنىڭ ساقلاپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىنتىل سەيناسى ئېلېكترونلۇق ژورنىلىنى ئىشلەپ چىقتى . ھېيىت مۇناسىۋىتى بىلەن تۇنجى سانىنى چىقاردۇق .
توردا شلارنىڭ كەڭ كومپيۇتېر ھەۋەسكارلىرىنىڭ بىرلىكتە باشقۇرىشىنى قارشى ئالىمىز.

پىكىر تەلەپلەرنى ئايىمىغايسىز.

# windows , ئۇيغۇرلار ، Unicode

بىلگە

ئۇيغۇر كومپيۇتېر ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان مۇشۇ كۈنلەردە unicode ئۆلچىمىنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن ، ئۇيغۇر تورچىلىقى تېخىمۇ راۋاجلاندى .

تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بىرىپ بىقىلىك .

1. ئۇيغۇرلارغا چوقۇم windows تا ئۆزىدە كىرگۈزگۈچ ۋە خەت نۇسخىسى بولۇشى كىرەكمۇ !
2. بىزگە windows vista بولسىلا مەسىلىلەر ھەل بولامدۇ ؟
3. تور بىكەتلەردە unicode نىڭ ئاساسىي رايۇننى قوللىنىش مۇۋاپىقمۇ ، كىڭەيتمە رايۇننىمۇ ؟
4. بىزگە ئاۋارىچىلىق كەلتۈرىۋاتقان < ئە > ھەرپى بىلەن < ئى > ھەرپىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن تور بىكەتلەردە كىڭەيتمە رايۇننى قوللىنىش كىرەكمۇ ؟
5. بىز < ئە > ۋە < ئى > ھەرپىنىڭ ئۇلانماسلىقىنى ئوڭشايدىغان ئۇسۇلنى تاپالامدۇق . ؟
6. بىز 20 يىللىق ئۇيغۇر كومپيۇتېر تارىخىدا نىمە ئىشلارنى قىلدۇق ؟
7. بىزدە ساپ ئۇيغۇرچە بولغان بىرەر يۇمشاق دىتال بارمۇ ؟
8. Unicode دىگەن زادى قانداق نەرسە ، قانداق چۈشىنىش كىرەك ؟

1. ئۇيغۇرلارغا چوقۇم windows تا ئۆزىدە كىرگۈزگۈچ ۋە خەت نۇسخىسى بولۇشى كىرەكمۇ !

جاۋاب :بىزگە windows سىستىمىسىنىڭ ئۆزىدە ئۇيغۇرچە خەت نۇسخىسىنىڭ بولۇشى چوقۇم بولىدۇ دىمىسەكمۇ بولىدۇ ، سەۋەب بىزگە پەقەت شۇ سىستىمىدىكى ئاساسلىق خەت نۇسخىسى بولغان Times New Roman،Microsoft Sans Serif،Tahoma،Arial ، لار Unicode ئۆلچىمىنىڭ 4.0 نۇسخىسىنىلا قوللىسا ئۇيغۇرچە ھەرپلەر مۇقەررەر چىقىۋىرىدۇ ( بەزى خەت نۇسخىلىرىدا سەل سەترەك چىقىسمۇ ) ، بۇنداق بولغاندا بىز ھەرقانداق يەردە بولسۇن ، ھەرقانداق تىلدىكى سىستىما بولسۇن ، ئۇيغۇرچە ھەرپلەر چىقىۋىرىدۇ . ( سىستىما خەت نۇسخىسىنىڭ ئۆزىدە چوقۇم ئەرەبچە رايۇن قوشۇلغان بولىدۇ ) .

شۇ سەۋەبتىن بىزگە پەقەت ئۆزىمىز ئىشلىتىدىغان كومپيۇتېردىن باشقا كومپيۇتېرلاردا ئۇيغۇرچە

خەت نۇسخىلىرى بولمىسىمۇ بولىدۇ ، دىسەك بولىدۇ .

كىرگۈزگۈچ مەسىلىسىگە كەلسەك ، بۇ مەسىلە توردا ھەل قىلىنىپ بولدى ، يەنى غەيرەت قادىر ئەپەندىنىڭ باشلىشى بىلەن ، مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ ئاخىرلاشتۇرىشى (يەنىUnicode ئۆلچىمىدە كىرگۈزۈش مەسىلىسى ) بىلەن تاماملاندى .

ئەمدى يۇمشاق دىتاللارغا نىسپەتەن كىرگۈزۈش مەسىلىسىنى ئويلاشقاندا ، Office ئائىلىسىدىكى دىتاللارغا نىسپەتەن ئەل كاتىپ 4.0 دىگەندەكلەرنى ياكى توردا ھەقسىز

تارقىتىلىۋاتقان كىرگۈزگۈچلەرنى قاچىلساقلا بولىدۇ .

Unicode قوللىمايدىغان دىتاللارغا نىسپەتەن يەنىلا خۇشقەلەم، ئىلكىليۇرت ، بىخلان قاتارلىقلارنى قاچىلساق بولىدۇ. ئۆزىمىز ئىشلىگەن دىتاللارغا نىسپەتەن شۇ دىتالنىڭ بەزىلىرىدا ئۆزىدىلا كىرگۈزۈش ئىقتىدارى بولغان بولىدۇ .

2. بىزگە windows vista بولسىلا مەسىلە ر ھەل بولامدۇ ؟

ياق ، چۈنكى بىزگە پەقەت لازىم بولغىنى خەت نۇسخىسى بىلەن ھەرپلەرنى ئۇلاش ۋەزىپىسى بولغان usp10.dll ھۆججىتى .

خەت نۇسخىسنى UKIJ دىن چۈشۈرۈۋالسىڭىزمۇ ، ياكى شۇ تور بىكەتتىن چۈشۈرۈۋالسىڭىز بولىدۇ .

usp10.dll مەسلىسگە كەلسەك ، سىستىما مۇندەرىجىسىدىكى ئەسلىدىكى ھۆججەتنى يېڭىلىۋەتسىڭىز ياكى قايسى خىل دىتالغا ھەرپ ئۇلاش لازىم بولسا شۇ دىتال قاچىلانغان مۇندەرىجگە قويىسىڭىز بولىدۇ .

3. تور بىكەتلەردە unicode نىڭ ئاساسىي رايۇننى قوللىنىش مۇۋاپىقمۇ ، كىڭەيتمە رايۇننىمۇ ؟

4. بىزگە ئاۋارچىلىق كەلتۈرىۋاتقان <ئە> ھەرپى بىلەن <ئى> ھەرپىنىڭ كاشلىسى تۈپەيلىدىن تور بىكەتلەردە كىڭەيتمە رايۇننى قوللىنىش كىرەكمۇ ؟

5. بىز < ئە > ۋە < ئى > ھەرپىنىڭ ئۇلانماسلىقىنى ئوڭشايدىغان ئۇسۇلنى تاپالامدۇق . ؟

يۇقارقى ئۈچ مەسلىگە بىرلا جاۋاب بىرىش مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ .

تور بىكەتلىرىمىز (unicode ئۆلچىمىدىكى) windows 200 دىن تۆۋەن بولۇپ قالسا تازا ياخشى كۆرۈنمەيدۇ ، windows xp sp2 دىن تۆۋەن نۇسخا بولسا <ئە> ، <ئى> ھەرپلىرى ئۇلاشمايدۇ ، شۇ سەۋەپتىن كۆپلىگەن تورداشلىرىمىز كىڭەيتمە رايۇننى قوللىنىش كىرەك دەيدۇ ، مىنىڭچە كىڭەيتمە رايۇندىكى ھەرپلەرنى ئىلگىرىكى ھەم ھازىرمۇ قوللىنىلىۋاتقان كىسىپ چاپلاش ئۇسۇلى بىلەن چاپلىنىدىغان خەتلەر بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق دىسەكمۇ بولىدۇ ، چۈنكى بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەر بىر شەكلى ئايرىم ئايرىم بولۇپ ، ئاپتۇماتىك ئۇلاشقا ھاجىتى چۈشمەيدۇ ، پەقەت بەتكە ئوڭدىن سولغا كۆرۈش ئىقتىدارى قوشۇلسىلا كۆرۈنىدۇ .

يەنى كىڭەيتمە رايۇندىكى ھەرپلەر ئوڭدىن سولغا كۆرۈش ئىقتىدارى بولمىسا ھەرپ ئۇلاشماي ، ھەرپ تەتۈر چىقىپ قالىدۇ ، مەزمۇن ئىزدەشكە توغرا كەلسە بۇ بىر ئاۋارچىلىق .

بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى :

1. شۇ كومپيۇتېردا چوقۇم usp10.dll نىڭ ئەڭ يېڭى نەشرى 1.606.5112.0 نەشرى ياكى 1.4 نەشرى بولسا بولىدۇ . ئەڭ ياخشىسى 1.606.5112.0 . (بۇ نۇسخا windows vista دا ئىشلىتىلگەن .

2. خەت نۇسخىسى بولۇش كىرەك . تور بەتكە eot ئىشلىتىلگەن بولسا سىستىمىنىڭ تۆۋەن نەشرى يەنى 98 دىگەندەكلەردە Unicode ئۆلچىمىدىكى ھەرپلەر ئىشلىمەيدۇ ، پەقەت

كىگەيتمە رايۇندىكى ھەرپلەر كۆرۈندۇ . ئىشلىتىلمگەن بولسا خەت نۇسخىسى بولسىلا ئىشلەۋېرىدۇ (چوقۇم usp10.dll نىڭ يېڭى نەشرى بولۇشى كىرەك ) . بۇنى سىناپ كۆرگەن . windows 98 دىمۇ <ئە>، <ئى> دىگەن ھەرپلەرمۇ ئۇلانغان ، ھەم توغرا كۆرۈنگەن .

تورداشلارنىڭ كۆپ قىسمى تورخانىدا تورغا چىقىدۇ ، شۇڭا ئۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشى چوقۇم ، لىكىن بىز چوقۇم ئاساسي رايۇننى ئىشلىتىشىمىز كىرەك .

5. سۇئالغا نىسپەتەن ، بەزى ئامالىلارنى تاپقىلى بولىدۇ ، يەنى پىروگراممىلارنىڭ ھەرپ ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىدىن پايدىلانساق بولىدۇ ، يەنى ۋاقتىنچە بىر خەت نۇسخىسى ياسىساق يەنى ئۇنىڭدا ئەرەپچە ،ئۇيغۇرچە ،... ھەممە ھەرپلەر بولسا ، ئاندىن كىيىن بۇرۇنقى ھەل قىلىش ئۇسۇلىدىكى (ئەل كاتىپ ) <ئە>، <ئى> نى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ، <ئە> نى ئۇستىدە ئىككى چىكىتى بار <ئە> گە ، <ئى> نى چىكىتى يوق <غ > ھەرپى ئورنىغا قوشۇلسا ، تۆۋەن سىتىما بولغاندا ئالماشتۇرش ئىقتىدارى بىلەن خەت نۇسخىسى ئالماشسا بولىدۇ .

لىكىن ساندانغا يوللىنىلدىغان ئۇچۇرلار ئۆلچەملىك unicode بويىچە ساقلانسا بولىدۇ .

9. ئاساسى رايون دىگەن نىمە كىگەيتمە رايون دىگەن نىمە ؟

ئاساسي رايۇن : بۇ رايۇنغا ھەرپلەرنىڭ ( ئەرەپ يىزىقلىرىدا ھەر بىر ھەرپنىڭ نەچچە خىل ئۇلىنىش شەكلى بار ) يالغۇز شەكلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، بۇ ھەرپلەر يېزىلغاندا شۇ ماس ھەرپنىڭ ماس شەكلى چىقىدۇ ( يەنى ئىل نى يازماقچى بولساق بۇ [ ئ + ئى + ل ] ھەرپلەرنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن شەكىلىنىدۇ ، لىكىن ساقلىغاندا شۇ يالغۇز شەكلى بويىچە ساقلىنىدۇ ، ئەمما كۆرسەتكەندە ھەرپلەرنىڭ ئۇلىنىش قانۇنىيتى بويىچە ماس بولغان باش ، ئوتتۇرا ، ئاياغ شەكىللىرى usp10.dll نىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلىنىپ چىقىدۇ ، شۇڭا usp10.dll نەشرى تۆۋەن بولسا بەزى ھەرپلەرنىڭ ئۇلانماسلىق سەۋەبى شۇ .

كىگەيتمە رايۇن : بۇ رايۇنغا ھەرپلەرنىڭ ھەممە شەكلى ساقلىنىدۇ ، لىكىن بۇ ھەرپلەرگە usp10.dll بولمىسمۇ ئۇلىنىۋىدۇ . شۇڭا ئىزدىنىش ، بىلىك تور بىكەتلىرىنىڭ نورمال كۆرۈلۈشى شۇ سەۋەبتىن .

# كومپيۇتېرنى قوزغاتقاندا دائىم كۆرۈلىدىغان 10 خىل ئۇچۇر

## يۇلغۇنجان

CMOS battery failed.1

CMOS باتارىيىسى تۈگىگەن.

CMOS check sum error-Defaults loaded.2

CMOS تەكشۈرۈشتە خاتالىق كۆرۈلدى،تەكشەش كېرەك.

باتارىيىدە توك ئاز قالغاندا كۆرۈلىدۇ، باتارىيىنى ئالماشتۇرۇپ بىقىش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا CMOS RAM يەنى ( CMOS ئىچكى ساقلىغۇچىسى ) دا مەسىلە بار دېگەن گەپ ، ئانا تاختىنى ئالماشتۇرۇش، كاپالەت ۋاقتى تۈگىمىگەن بولسا رېمونت قىلدۇرۇش لازىم.

Press ESC to skip memory test .3

ئىچكى ساقلىغۇچنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ، ESC نى بىسىپ ئۆتۈپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

بۇ CMOS تا بۇ تەكشۈرۈشنى ئۆتۈپ كېتىش تەڭشەلمىگەن دېگەن گەپ، COMS قا كىرىپ BIOS FEATURS SETUP نى تاللاپ Quick Power On Self Test نى Enabled غا تەڭشىۋەتسىڭىز بولىدۇ.

Keyboard error or no keyboard present .4

كۇنۇپكا تاختىسىدا مەسىلە بار ياكى ئۇلانمىغان

Hard disk install failure .5

قاتتىق دېسكىنى قاچىلاش مەغلۇپ بولدى.

توك، ئۇچۇر سىملىرى ئۇلانماي قالدىمۇ ياكى دېسكا ئۇلاش سىمى (跳线) نىڭ تەڭشىلىشى توغرا ئەمەسمۇ تەكشۈرۈش كېرەك. سىمنىڭ تەڭشەش ئۇسۇلى 2 خىل بولىدۇ (Master ۋە (Slave 。

Secondary slave hard fail .6

دېسكىدىن تەكشۈرۈش مەغلۇپ بولدى.

CMOS تەڭشىلىشى خاتا بولىشى مۇمكىن. CMOS تىن IDE HDD AUTO DETECTION نى تاللاپ دېسكىنى ئاپتوماتىك تەكشۈرۈشنى تەڭشەش كېرەك. توك، ئۇچۇر سىملىرى ئۇلانماي قالدىمۇ ياكى دېسكا ئۇلاش سىمى (跳线) نىڭ تەڭشىلىشى توغرا ئەمەسمۇ تەكشۈرۈش كېرەك.

7. Floppy Disk(s) fail ياكى(80 Floppy Disk(s) fail ياكى) Floppy (Disk(s) fail(40

يۇمشاق دېسكا قوزغاتقۇچتىن قوزغىتالمىغان

سىستېما يۇمشاق دېسكا قوزغاتقۇچنى تاپالمىغان. يۇمشاق دېسكا قوزغاتقۇچنىڭ سىملىرىنى تەكشۈرۈش، باشقا كومپيۇتېردا سىناپ بېقىش كېرەك.

8. Hard disk(s) diagnosis fail
قاتتىق دېسكىغا دىئاگنۇز قويۇش تا خاتالىق كۆرۈلدى.
قاتتىق دېسكىنىڭ ئۆزىدە مەسىلە بار دېگەن گەپ ، باشقا كومپيۇتېردا سىناپ بېقىش كېرەك.

9. Memory test fail
ئىچكى ساقلىغۇچنى تەكشۈرۈش مەغلۇپ بولدى.
ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ بىرسىنى چىقىرىپ قايتا سەپ بېقىش كېرەك، ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ ئۆز ئارا قوللاشمىغىنىدىن بولىدۇ، باشقىغا ئالماشتۇرۇش كېرەك .

10. Override enable-Defaults loaded
CMOS تەڭشىلىدىن سىستېما قوزغىلالمىغان. BIOS نى تەڭشىلىشنى تەڭشەڭ.

ئادەتتە COMS ئىچكى تەڭشىلىدىن مەسىلە كۆرۈلگەندە COMS قا كىرىپ LOAD SETUP DEFAULTS نى تاللاپ ئەسلى تەڭشىلىشگە كەلتۈرۈپ قايتا قوزغاتسا بولىدۇ.
cpu fan eror
cpu شامالدۇرغۇچنىڭ مەنبە سىمى ئۇلانمىغان ياكى شامالدۇرغۇچ ئايلانمىغان ، ۋە ياكى ئايلىنىشى بەك ئاستا.

# WORDتا دائىملىق 9 ھۈنەر

**1.سېستىما يېزىق كىرگۈزگۈچىسىنى ئېلىۋېتىش**

**工具 دىن 选项 نى 编辑 نىڭ ئاستىدىكى 输入法控制处于活动状态 نىڭ بەلگۈسىنى ئېلىۋېتىش.**

**2. تەرجىمە قىلىش**

**ئاۋال wordنى مۇكەممەل قاچىلاڭ ، ئاندىن 工具 دىن 信息检索 نى تاللىسىڭىز ئوڭ تەرەپتە كۆزنىكى ئېچىلىدۇ. بۇ يەردىكى 信息检索 ستونىڭ ئۈستىدېكى 搜索 ئېرىقچىگە manدەپ يېزىڭ ، ئاستىدىكىدىن 翻译 نى تاللىسىڭىز ئاستىغا يەنە ئېرىقچە قوشۇلىدۇ ئۈستىدىكىدىن 英语美国 نى تاللاڭ ، ئاستىدىكىدىن 中文中国 نى تاللاڭ . بۇ چاغدا man نىڭ خەنزۇچە مەنىلىرى چىقىدۇ. ئەگەر تىز سۈرئەتتە يەنە تەرجىمە قىلماقچى بولسىڭىز، Alt نى بىسىپ تۇرۇپ خەت تاللىسىڭىز بولىدۇ.**

**3. ھۆججەتتىكى رەسىمنى تىز ئېچىش**

**بىر ھۆججەتتىكى رەسىم كۆپ بولسا ئېچىلىش سۈرئىتى ئاستا بولىدۇ. ھۆججەت ئېچىلىۋاتقاندا تىزدىن 打印预览 كۆنۈپكىسىنى بىسىۋالىساق ، رەسىملەر تىزلا كۆرۈنىدۇ.**

**4. رەسىمگە ئىزاھ قوشۇش**

**رەسىم قىستۇرۇپ بولۇپ رەسىمگە ئوڭنى چىكىپ 题注 نى تاللايمىز، چىققان كۆزنەكتىكى 标签 ستونىدىكى 表格،公式 ياكى 图表نى تاللايمىز.ئاخىرىدا 题注 غا ئىزاھنى يېزىپ جەزىملىسەك ئىزاھ قوشۇلىدۇ. ئىزاھ خېتىنى ئادەتتىكىدەك تەھرىرلىسەك بولىۋېرىدۇ.**

**5. سۇ تامغا بېسىش**

**Word2003يېزىق ۋە سۈرەتلىك سۇ تامغا بېسىش ئىقتىدارى بار. 格式 دىن 背景 دىن 水印 نى تاللايمىز. 水印 كۆزنىكىدىن 文字水印 نى تاللاپ 文字 ئېرىقچىسىغا خەت يازىمىز. ئوخشاشلا 图片水印 نى تاللاپ 选择图片نى بىسىپ رەسىمنى تاللاپ 缩放دىن چوڭ كىچىكلىكىنى تاللاپ جەزىملىسەك بولىدۇ.**

**6.سۆزلەردىكى خاتالىقنى ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش**

Word2003 بۇ ئىقتىدار بار . مەسلەن 为虎作伥 نى 为虎做伥 دەپ يېزىپ 工具 دىن 自动更正选项 نى تاللاپ ئاستىدىكى 替 نى بىسىپ چىققان 自动更正كۆزنەكتىن 自动更正 换文本框 غا 为虎做伥 نى يېزىپ 替换为文本 غا 为虎作伥 نى يېزىپ جەزىملەيمىز. ئەمدى ماقالىغا 为虎做伥نى كىرگۈزسەكلا ئاپتوماتىك ھالدا 为虎作伥 غا ئۆزگىرىدۇ. (سىزباشقا خەتنى سىناپ بىقىڭ)

7. ھۆججەتتىكى خەت سانىنى ستاتىسكىلاش

Word ھۆججەتنى ئېچىپ 工具 دىن 字数统计 نى 高级 تاللىساقلا بولىدۇ.

8. بىربەتتە كۆپ بەت كۆرۈش

ئاۋال 预览打印 نى باسىمىز ( ياكى 文件دىن 打印预览) قورال ستونىدىكى 多页 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ كۆرۈندىغان بەت سانىنى تاللىساق بولىدۇ. ( يوق بولسا قورال ستونىدىكى ئاستىغا قارىغان بەلگۈدىن 添加删除 دىن 多页 كۇنۇپكىسىنى تاللىساق بولىدۇ )

9. ئىش قەغىزى شەكلىنى قوشۇش

microsoft تور بېتىدىن ئىش قەغىزى تۈر يامىقىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋەتسەك Word2003 نىڭ تىزىملىكىگە 格式 بۇيرىقى 稿纸设置 قوشۇلىدۇ.

## ھۈنەر: Word XP دا ئېنگىلىسچە ئۆگۈنۈش

1 يېزىش،تەكشۈرۈش ۋە تۈزۈتۈش

تەھرىرلەيدىغان ھۆججەتنى ئاچىمىز، 工具 دىن 拼写和语法 نى باسىمىز، بۇ چاغدا خاتالىقنى ئاپتوماتىك تېپىپ بىرىدۇ.

自动更正 نى بىسىپ تۈزەتسەك بولىدۇ، 解释 نى بىسىپ خاتالىق ئورنىنى كۆرۈپ باقساق بولىدۇ.

**2 ئېنگىلىسچە ھۆججەتنى ئۇنۇۋېرسال تەكشۈرۈش**

工具 **دىن** 拼写和语法 **نى بىسىپ** 选项 **نى بىسىپ** 选项 **تۈرىدىكى** 显示可读性统计信息 **نى تاللايمىز.**

确定 **نى باسىمىز،** 拼写和语法 **دىن كېيىن رەسىمدىكىدەك ئىستاتىستىكا ئۇچۇرى چىقىدۇ، بۇنىڭدىن ئېنگىلىسچە سەۋىيەرىمىزنى سىنىيالايمىز.**

**3 تەرجىمە ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىش**

工具 **دىن** 语言 **نى ئاندىن** 翻译 **نى باساق** 翻译 **كۆزنىكى ئېچىلىدۇ.** 文字 **دىگەن جايغا** 教师 **نى كىرگۈزۈپ دىن** 中文到英语 **نى تاللاپ** 浏览 **نى باساق** 教师 **غا مۇناسىبەتلىك ئېنگىلىسچە تەرجىمىلەر چىقىدۇ.**

**بۇ office2003 تىمۇ بولىدۇ، قالدىسى ئىزدىنىشڭىزگە باغلىق.**

# [Word]مەڭگۈ ئەسقاتىدىغان 10 ھۈنەر

**1.ئالدىنقى قېتىم تەھرىرلىگەن ئورۇننى بەلگۈلەش**

**Wordھۆججىتىنى قوزغىتىپلا Shift+F5نى باساق ئالدىنقى قېتىم تەھرىرلىگەن ئورۇننى كۆرستىپ بېرىدۇ .**

**2.شۇ ۋاقىت ياكى چىسلانى تېز كىرگۈزۈش**

**Alt+Shift+Tنى باساق شۇ چاغدىكى ۋاقىتنى ، Alt+Shift+Dنى باساق شۇ چاغدىكى چىسلانى كىرگۈزگىلى بولىدۇ.**

**3.ھالەت چوتكىسى** 格式刷 **نى كۆپ قېتىم ئىشلىتىش**

**ھالەت چوتكىسىنى قوش چېكىپ تاللانغان ئوبيېكتنىڭ ھالىتىنى كۆپ ئورۇنغا كۆچۈرگىلى بولىدۇ.**

**4.كۆپ بەتلىك جەدۋەل بېشىنى بېسىش**

**جەدۋەل بېشى بار قۇرنى تاللاپ** 表格 **دىن** 标题行重复**نى تاللىساقلا بولىدۇ .**

**5.تېكىستنى تېما قىلىش**

**تېما ( ماۋزۇ ) قىلىدىغان تېكىستنى تاللاپ**

Alt+Shift+← يەنە نى باسساق تېكست ماۋزۇغا ئايلىنىدۇ

Alt+Shift+→نى باسساق 1 ماۋزۇ 2 ۋە 3 ماۋزۇ بولىدۇ

6. خەت نومۇرىنى تىز ئۆزگەرتىش

خەت نومۇر كۆزنىكىدىن مائۇس بىلەن نومۇر تاللىماي، شۇ جايىغا بىۋاستە خەت نومۇرىنى كىرگۈزسىلا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل Excel ۋە WPS 2000/Officeدىمۇ ئوخشاش.

1ـ خەتنى تاللاپ <+Ctrl+Shift نى باسسا خەت نومۇرى 10 قاداق ئاشىدۇ، <+Ctrl+Shiftنى باسسا كېمىيىدۇ.

2ـ خەتنى تاللاپ [+Ctrl نى باسسا چوڭىيىدۇ، ]+Ctrlنى باسسا كىچىكلەيدۇ.

7. ئاستى ئۈستى بەلگۈنى بەلگۈلەش

ئاستى ئۈستى بەلگۈ قىلىدىغان خەتنى تاللاپ =+Ctrl+Shiftنى باسساق ئۈستى بەلگۈ، =+Ctrlنى باسساق ئاستى بەلگۈ بولىدۇ.

8. تۈر نومۇرى 自动编号 نى ئۆچۈرۈش

1ـ Ctrl+Zنى باسسا ئۆچىدۇ يەنە باسسا بۇ ئىقتىدار چەكلىنىدۇ. 2ـ 工具 .دىن 自动更正选项نى تاللاپ چىققان كۆزنەكتى 键入时自动套用格式 نى چىكىپ 自动编号列表نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش .

9. خەت نۇسقىسىنى تاللاش

قورال ستونىدىن 自定义 نى 自定义 نى 命令 نى بىسىپ类别 دىن 字体نى تاللاپ ئۇنى قورال ستونىغا قوشۇش.

10. بەت ئاستى سىزىقىنى يوقۇتۇش

1ـ توغرا سىزىقنى ئاق رەڭدە قىلىش. 2 بەت قېشى،ئاستىنى تەڭشىگەندە جەدۋەل ۋە رامكىسىنى 无قىلىش. 3 بەت لاھىيەلەش رايونىغا كىرىپ 段落标记نى تاللاش ھەم ئۆچۈرۈش. 4 样式 ـ سىنبەلگۈدىكى 页眉نى 正文 غا ئايلاندۇرۇش .

## دىققەت: EXCEL دا كەسىر سانلارنى كىرگۈزۈشتىن 6 ھۈنەر.

1.ئادەتتىكى ئۇسۇل 整数位+空格+分数

0قۇرۇق 2/1 ياكى 1 قۇرۇق 2/1

2. ANSI ئۇسۇلى 使用 ANSI 码输入

Altنى بىسىپ تۇرۇپ 189 نى

3. كاتەك ھالىتىنى تەڭشەش 设置单元格格式

格式نى 单元格式 نى 分类 دىن 分数 نى، 类型دىن 分母为一位数 نى تاللاپ 0.5 نى كىرگۈزۈپ كۆرۈڭ.

4. Microsoft فورمۇلاسىنى ئىشلىتىش 使用 Microsoft 公式输入

插入نى 对象 نى Microsoft 公式 3.0 نى تاللايمىز.

5.كىرگۈزگۈچنى تاللاش 自定义输入法

格式 نى 单元格式 نى 数字 دىن 自定义 نى 类型 غا # قۇرۇق 2/?? نى.

6. ئىككى قۇرنى قوشۇش 双行合一

بۇمۇ ئادەتتىكى ئۇسۇل بولۇپ ئۈستىكى كاتەكنىڭ ئاستىنى سىزىقلىق قىلمىز ئاستىدىكى كاتەككە نورمالنى كىرگۈزسەڭ بولىدۇ.

$\frac{1}{6}$    $\frac{4}{a}$ 5

## excelدا سان سىپىرلارنى تېز كۆچۈرۈش(تەكرار كىرگۈزۈش) مۇنداقمۇ ھۈنەر بار

1. ئاستىدىكى كاتەكنى تاللاپ "Ctrl+" ياكى Ctrl+D نى باساق ئۈستىدىكى كاتەكتىكى مەزمۇن تەكرارلىنىدۇ .

2. ئۈستى ۋە ئاستىدىكى قۇرنى ياكى مەلۇم دائىرىنى تاللاپ Ctrl+D نى باسساقمۇ ئۈستىقۇر ياكى دائىرىدىكى مەزمۇن ئاستىدىكى قۇر ياكى دائىرىگە كۆچۈرۈلىدۇ .
3. ئوڭدىكى كاتەكنى تاللاپ Ctrl+R نى باسساق سولدىكى كاتەكتىكى مەزمۇن ئوڭدىكى كاتەككە كۆچۈرۈلىدۇ .
4. مەلۇم قاتار ياكى كۆپ قاتاردىكى كاتەكنى تاللاپ Ctrl+Rنى باسساق سولدىكى ئۈچۈرلار ماس ھالدا ئوڭغا كۆچۈرۈلىدۇ .

]ھۈنەرexcel[دا ئابونت ئىسنى كۆرستىش

**=user()**

يۇقارقى فۇنكسيەنى مەلۇم كاتەككە كىرگۈزسىڭىز نۆۋەتتىكى ئابۇنت ئىسمنى ئاپتوماتىك كۆرستىدۇ.